تۇغراق ئائىلەر گۇرۇپپىسى

ئوغۇز ئېيى 2019

# تۇغراق روھى

## ئاتا-ئانىلار ئوقۇشلۇقى



پايدىلىق ماختاش ۋە پايدىسىز ماختاش

مەن چوڭ بولدۇم، ئوغلۇم!

4 ياش بالىلىق دەۋرىدە

بالىلار قانداق ئۆگىنىدۇ؟

# مۇندەرىجە

## توغراق ئاتا-ئانىلار دەرسخانىسى














- تاياقنىڭ بالىلارغا ئېلىپ كەلگەن ناچار تەسىرلىرى
- بۈگۈن سۆيۈڭ !
- مەن چوڭ بولدۇم ، ئوغلۇم!
- بىر - بىر يېرىم ياش ئارىسىدىكى بالىلار قائىدە-تۈزۈملەرنى قانچىلىك چۈشىنىدۇ؟
- پايدىلىق ماختاش ۋە پايدىسىز ماختاش
- قورقۇتۇش ئارقىلىق ئەمەس، قىزىقتۇرۇش يولى ئارقىلىق دىنى تەربىيە بېرىش
- ئاتا-ئانىلار شۇنچىلىك مۇھىم بولغان ‹بالا› نېمىتىگە قانداق شۈكۈر قىلىشى كېرەك؟
- بالامنى نېمىشقا باشقۇرالمايمەن؟
- بالىلار نەپسىنى باشقۇرۇشنى قانداق ئۆگىنىدۇ؟
- پەرزەنت
- تۆت ياش بالىلىق دەۋرىدە...
- ئۈستى ۋە ئاستى مېڭە
- بىزگە قانداق ئاتا-ئانىلار كېرەك؟
- ئانا سۈتى ھەققىدە
- بالىلار قانداق ئۆگىنىدۇ؟

«بالىغا زورلاپ ئۆگەتكەن ۋاقىتتا، ئۇنىڭ ئۆز ئالدىغا بايقاش پۇرسىتىنى مەڭگۈلۈك تارتىۋالغان ۋاقىتقىدۇر».



Jean Piaget



## تاياقنىڭ بالىلارغا ئېلىپ كەلگەن ناچار تەسىرلىرى

1. بالىنىڭ ئىش-ھەرىكەتلىرىنى ئۇزۇن مەزگىللىك تۈزىتەلمەيدۇ .

2. ئۆگىنىشنى ئاسانلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەندە ، بالىلاردا نەپرەتلىنىش ۋە ئەندىشىگە سەۋەبچى بولغانلىقى ئۈچۈن ئەكس تەسىر كۆرسىتىدۇ ۋە ئۆگىنىش باسقۇچىنى ئاستىلىتىۋېتىدۇ .

3. ئۆز-ئۆزىنى ھۆرمەتلەش تۇيغۇسىنى ئاجىزلاشتۇرىۋېتىدۇ .

4. تاياق يېگەن بالىلار،تاياق يېمىگەن بالىلارغا قارىغاندا،زوراۋان كۈچ ئىشلىتىشكە تېخىمۇ يېقىن بولىدۇ . ئوغۇل بالىلارنىڭ بەكرەك ئۇرۇشقاق بولۇشىنىڭ سەۋەبى، ئۇلارنىڭ قىز بالىلارغا قارىغاندا، ئائىلىدە تاياق يېيىش نىسبىتىنىڭ يۇقىرى بولغانلىقىدىن ئىبارەت .

5. تاياق،ئائىلە ئەزالىرى ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى يىراقلاشتۇرىۋېتىدۇ. تاياق يېگەن بالىلار،ئۆزىنى ئاتا- ئانىلىرىدىن يىراق ھېس قىلىدۇ ۋە ئۇلار بىلەن ساغلام ئالاقە ئورنىتىشتا قىينىلىدۇ .

6. تاياق يېگەن بالىلار،سىرتقى جەھەتتىكى ئىنتىزام ۋە باشقۇرۇشقا تېخىمۇ باغلىنىپ قالىدۇ، بۇ ئۇلارنىڭ ئۆز- ئۆزىنى باشقۇرۇش ئىقتىدارىنى تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ.

7. ياشلىق دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن يامان ئادەتلەر ۋە ياكى ماددىغا باغلىنىپ قېلىش نىسبىتى، تاياق يېگەن بالىلاردا تېخىمۇ كۆپ كۆرىلىدۇ .

8. تاياق،بالىلارنىڭ ئەتراپىدىكى پۈتۈن ئىنسانلارغا نىسبەتەن نەپرەت ھېس قىلىشىغا ۋە ئىشەنمەسلىكىگە يول ئاچىدۇ .

مەن 1 ياشقا كىردىم !
بەك بەختلىكمەن ، چۈنكى ئاپام داۋاملىق يېنىمدا …
مەن 2 ياشقا كىردىم !
ئاپام ئارىلاپ يېنىمدا ، نېمە ئىش بولىۋاتقاندۇ ؟
مەن3ياشقا كىردىم
ئاپام ئىشلەۋاتىدۇ ، مەن يەسلىدە …
مەن 5ياشقا كىردىم !
ئاپام چايدا ، مومام يېنىمدا …
مەن 7ياشقا كىردىم !
ئاپام يىغىندا ، مەن سىنىپتا ، ئوقۇتقۇچۇم يېنىمدا …
مەن 13 ياشقا كىردىم !
بالاغەتكە يېتىش مەزگىلىگە قەدەم قويدۇم.
ئاپام ئىشلىمىسە بولمايدۇ ، دوستلىرىم يېنىمدا …
مەن 17ياشقا كىردىم !
ئاپام ئىشلەپ، چارچاپ ،
مەن مەكتەپتە،قەھۋەخانىدا …
مەن 20ياشقا كىردىم !
قىران بىر يىگىت بولدۇم ، ئاپام ئۆيدە يوق ، ئاغىنىلىرىم يېنىمدا …
مەن 23ياشقا كىردىم !
خىزمەت تاپتىم ،ئاپام ئۆيدە ،مەن ئىشتا …



مەن 30ياشقا كىردىم !
ئۆيلىنىۋاتىمەن ، ئاپام بىلەن ئەڭ ئاخىرقى قېتىم قاچان كۆرۈشتۇق؟ ئېسىمدە يوق …بىرئاز غەلىتە !
مەن 35ياشقا كىردىم !
توي قىلدىم ، ئاپام ئۆزىنىڭ ئۆيىدە ، مەن ئۆزۈمنىڭ ئۆيىدە …
مەن 40ياشقا كىردىم !
ئاپام يولۇمغا قاراپ ئولتۇرىدۇ ، خۇددى كىچىك ۋاقتىمدا مەن ئۇنىڭ يولىغا قاراپ ئولتۇرغاندەك …
مەن 50ياشقا كىردىم !
بىردىنبىر ئارزۇيۇم : « يۈرىكىمنى يۈرىكىگە تېگىپ ئۇنى چىڭ قۇچاقلىسام… تىزلىرىغا بېشىمنى قويۇپ ياتسام ، شۇ قېرىلىقتىن ئېگىلىپ كەتكەن تىزلىرىنى يۇمشاق ياستۇق قىلسام …
مەن 55ياشقا كىردىم !
بىرئانىنىڭ يېنىدا ، باللىرىمنىڭ ئانىسى.
ئاپام بولسا قەبرىدە …
مەن بولسام ئۇنىڭ ھەسرىتىدە …
ئەسلىدە قاراپ-قاراپ تويمايدىغان قالتىس بىر تىياتىر كەبى ، ھەر بىر قىلىقلىرى-سۆزلىرى. كۆزىتىشكە سەل قارىغانچە،ھايات فىلىمىنىڭ ئىنتايىن تېزلىكتە ئالمىشىدىغان پەردىلىرىنىڭ ئارىسىدا قايتا تېپىش مۇمكىن بولمايدىغان شۇ بۇرۇنقى سەبىي گۆدەك چاغلىرى …
باللىكىزنى-

## بۈگۈن سۆيۈڭ !!

بۈگۈن پۇراڭ !
بۈگۈن تۇتۇڭ قوللىرىنى ! بۈگۈن ھەمراھ بولۇڭ !
بۈگۈن قانماي قاراڭ !
ھەسرەت تارتىپ قايتۇرۇپ كەلمەس
قاچۇرۇپ قويغان ئۇشبۇ كۈنلەرنى …




داۋاملىق بالىلارنى باشقۇرۇپ ، كونترول ئاستىغا ئېلىپ تۇرۇش ئىستىكى، ئاتا-ئانىلارنىڭ ياخشى نىيىتى بىلەن يۇغۇرۇلغان «ئەنسىرەش»لىرى نەتىجىسىدە كېلىپ چىقىدۇ.لېكىن،شۇنى ئۇنۇتماسلىقىمىز كېرەككى،بىر بوۋاقنى دۇنياغا ئەكېلىپ، يېتىشكەن بىر ئىنسانغا ئايلاندۇرغان،بىز ئەمەس . بىز پەقەت،ئاللاھنىڭ بىزگە تاپشۇرغان ئامانىتىنىڭ،چوڭ بولۇش جەريانىغا ھەمراھ بولۇپ،يېتىشتۈرگۈچى خالاس. شۇنىڭ ئۈچۈن،بۇ ئۇلۇغۋار ۋەزىپىنى لايىقىدا ئورۇنداش ئۈچۈن،تولىمۇ تەييارلىقلىق بولۇشىمىز،توختىماي «ئۆگىتىش»كىلا ئەمەس،توختىماي «ئۆگىنىش»كە ئېھتىياجىمىز بار. ھەيۋەتلىك تاغ چوققىسىدا قار قېلىن بولغىنىدەك ، بۇ ئۇلۇغ ۋەزىپىمىزنىڭمۇ جەۋر-جاپاسى كۆپ بولىدۇ . ئەگەر بىز توختىماي ئۆزىمىزنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، ھەر جەھەتتىن تەييارلىقنى پۇختا قىلغاندا ، ھەيۋەتلىك تاغ چوققىسىدىكى قارلار كۆزىمىزگە يۈك ئەمەس ،«نېمەت»بولۇپ كۆرۈنىدۇ.



# مەن چوڭ بولدۇم ، ئوغلۇم !

دۇنياغا يېڭى كەلگەن ۋاقتىڭ ھېلىمۇ ئېسىمدە! يۈزلىرىڭ يۇرلاش كۆزلىرىڭ تېخى ئېچىلمىغان. قولۇڭنى تۇتقان ۋاقتىمدا ،شۇ كىچىك بارماقلىرىڭ بىلەن قولۇمنى چىڭ سىققان ئىدىڭ، يىغلاۋاتاتتىڭ ...

شۇ كۈندىن باشلاپ ئۆزۈمگە ۋەدە بەردىم ، سېنى ھەرگىز يىغلاتمايمەن دەپ ۋەدە بەردىم . بوينۇڭ تۇتۇشقا باشلىغان ۋاقتلىرىڭ ھېلىمۇ ئېسىمدە. تۇنجى ئۆمىلەشكە باشلىغان ۋاقتىڭ،يېڭى مېڭىشنى ئۆگەنگەن ۋاقتىڭدىكى بىر يىقىلىپ بىر تۇرۇشلىرىڭ ... ئەمما ھازىر چوڭ بولدۇڭ ،ئۆز ئالدىڭغا ماڭالايدىغان،ھەتتا يۈگرىيەلەيدىغان بولدۇڭ .

بىر قېتىم تېلىۋىزور كۆرۈپ ئولتۇراتتىڭ ،«شۇ تېلىۋىزورنى ئۆچۈر! تېز بول ،سىرتقا چىقمىز !» دېدىم، سەن سۆزۈمگە پىسەنح قىلماي كۆرۈشكە داۋام قىلدىڭ .«مەن ساڭا تېلىۋىزورنى ئۆچۈر دېدىم !»دەپ ۋارقىرىدىم. سەن يەنە پىسەنح قىلمىدىڭ .مەن ئاچچىقىمدا يۈگۈرۈپ بېرىپ تېلىۋىزورنى ئۆچۈردۈم ۋە قولۇڭدىن تارتىپ سىرتقا ئېلىپ ماڭدىم ،سەن يىغلىدىڭ ..

يەنە بىر قېتىم ،سەن ئاشخانا ئۆيگە كىرىپ ئويناپ ، يېڭى ئالغان سۈتنى يەرگە تۆكىۋەتتىڭ ،مەن ئاچچىق بىلەن سېنى ئىتتىرىپ ئاشخانا ئۆيگە چىقىرىۋەتتىم.سەن يەنە يىغلىدىڭ ...

مەن ساڭا ۋەدە بەرگەن ئىدىم ھەرگىز يىغلاتمايمەن دەپ ۋەدە بەرگەن ئىدىم .ئەمما كېچۈر مېنى ئوغلۇم!مەن ۋەدەمدە تۇرالمىدىم ... ھاياح مېنى ھاردۇرۇپ قويدى ۋە مەن بۇ ھارغىنلىق بىلەن سېنى ھاردۇرۇپ قويدۇم ...

ئەمدىلىكتە مەن چوڭ بولدۇم ،سەن بىلەن بىللە ئۆگەندىم ، ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىشنى ،ئاچچىقىم كەلگەندە جىم تۇرۇۋېلىشنى ،ئاشخانا ئۆيدە يەرنى سۈرىچ بىلەن يۇيغان ۋاقتىڭدا ،قولۇڭغا بىر لاتا تۇتقۇزۇپ،: «ئوھوي كىچىك ئەپەندىم ،ئورنۇڭدىن تۇر ،كەل ئەمدى تازىلىق ۋاقتى !»دېيىشنى ئۆگەندىم ... ئانا بولۇشنى ، سېنى قانداق سۆيۈشنى ئۆگەندىم .



پەرزەنت تەربىيەسى، ئاتا-ئانىلارنىڭ پەرزەنتلىرىگە (قۇرامىغا يەتكۈچە)مەسئۇلىيىتى بولغانلىقى ئۈچۈن مۇھىمدۇر.ئەمما پەرزەنتلىرىنى تەربىيەلەش مەجبۇرىيىتى ئۇلارنىڭ ھاياتىنى كونترول قىلىش ھوقۇقىغا ئېرىشكەنلىك ھېسابلانمايدۇ. ئىنسانلار قۇرامىغا يەتكەندىن باشلاپ ئاللاھ ئالدىدا ئۆز- ئۆزىگە مەسئۇل بىر بىرلىك ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا پەرزەنتىڭىزنىڭ ياخشى ياكى يامان بىر ئىنسان بولۇشى سىزنىڭ كونترول دائىرىڭىزدىكى بىر ئىش ئەمەس.

(- نومان ئالىخان لىكسىيەسىدىن ئۈزۈندە)





## بىر - بىر يېرىم ياش ئارىسىدىكى بالىلار قانداق - تۈزۈملەرنى قانچىلىك چۈشىنىدۇ؟

### 1. تېخى ئۇقۇملاشتۇرالمايدۇ.

بالىلارنىڭ كاللىسى خېلى كۆپ ئىشلارنى چۈشەنگەندەك قىلىدۇ، ئەمما ئۇقۇملاشتۇرالمايدۇ. يەنى ئابستراكىت ئۇقۇملارنىڭ ھەقىقى مەنىسىنى ئېنىق چۈشىنىپ يېتەلمەيدۇ. مەسىلەن، بالىلار «چىشلەشكە بولمايدۇ» دىگەن جۈملىنى چۈشىنىدۇ، ھەتتا يۇقىرى ئاۋازدا تەكرار قىلالايدۇ. ئەمما يەنىلا سىڭلىسىنى چىشلەيدۇ. چۈنكى بالىلار بۇ جۈملىنىڭ ھەقىقى مەنىسىنى، يەنى، چىشلەشكە بولمايدۇ دىگەن قائىدىنىڭ ئۆزىنىڭ،سىڭلىسىنى چىشلىگىنىگە قارىتا ئىكەنلىكىنى ئاڭقىرالمايدۇ.

### 2. سۆزلەرنى ئېسىدە تۇتالمايدۇ.

بالىلارنىڭ كاللىسى خېلى كۆپ ئىشلارنى چۈشەنگەندەك قىلىدۇ، ئەمما15 - 12 ئايلىق دەۋرىدە، بالىلارنىڭ مېڭىسىنىڭ ئالدى قىسمىدىكى پۈرۈلمىنىڭ تۇتاشمىلىرى كۆپىيىدۇ. بۇ سەۋەبتىن، مېڭىنىڭ سۆزلەرنى يادلاپ ،خاتىرە قالدۇرىدىغان قىسمى تەرەققي قىلىشقا

سۆزلەرنى چۈشەنگىنى بىلەن، ئۇزۇن مۇددەت ئېسىدە ساقلىيالمايدۇ. سۆزلەرنى تونۇيدۇ، ئىككى ئۇقۇمنى ياكى پىكىرنى ئوخشاش ۋاقىتتا ئېسىدە تۇتالمايدۇ. شۇڭا، ھەرقېتىم بالىڭىزغا قائىدە سۆزلىگەندە، پەقەت بىر سۆزنى ئىشلىتىڭ. بىر قانچە جۈملىنى ئارقا-ئارقىدىن سۆزلىسىڭىز، ئۇلارنىڭ ھېچبىرى ئېسىدە قالمايدۇ-دە، يەنە تەكرار قىلىۋېرىدۇ.

## 3. ئىش- ھەرىكەتلىرىنى تېخى تىزگىنلىيەلمەيدۇ.

دادىسىنىڭ قولىدا بىر ئاچقۇچ بار. 15 ئايلىق نەفسە بولسا دادىسىنىڭ قولىدىكى ئاچقۇچنى ئىزدەيدۇ. دادىسى قىزىنىڭ كۆزىنىڭ ئالدىدىلا ئاچقۇچنى ياستۇقنىڭ ئاستىغا تىقىپ قويىدۇ. نەفسە ئاچقۇچنىڭ ياستۇق ئاستىدا ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، يەنە بۇرۇن ئاچقۇچنى تېپىۋالغان يېرىگە قولىنى ئۇزاتىدۇ. بۇ ۋاقىتتا نەفسە كۆزى بىلەن كۆرگەنگە قاراپ ئەمەس، قولىنىڭ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماسلىقىغا بويسۇنىدۇ. 18 ئايلىق بولغاندا ئاندىن ئاچقۇچنى ياستۇق ئاستىدىن ئىزدەشكە باشلايدۇ.



## 4.مېڭىسى ئىنكار مەنىسىدىكى سۆزلەرنى چۈشىنىشتە قىينىلىدۇ.

«قىلما»دېگەن سۆزگەقارىغاندا«مۇنداق قىل»دېگەن گەپنى ئاسانراق چۈشىنىدۇ.

پايدىلىق ماختاش:ماشىنىنى يۇيۇپ بەرگىنىڭگە رەھمەت،ماشىنا يېپ-يېڭىدەك كۆرۈنۈپ كېتىپتۇ.
مۇمكىن بولغان تەسىرى: مەن ياخشى بىر ئىش قىلىپتىمەن. مېنىڭ قىلغان ئىشىم. زوقلاندى، ياخشى كۆرۈلدى.
پايدىسىز ماختاش: سەن بىر پەرىشتە.

پايدىلىق ماختاش: سېنىڭ ماڭا سالامەتلىكىمنىڭ ئەسلىگە كېلىشى ئۈچۈن يازغان كارتىڭنى ناھايىتى ياقتۇردۇم. بەك چىرايلىق ھەم قىزىقارلىق يېزىپسەن.
مۇمكىن بولغان تەسىر: مېنىڭ ئۇسلۇبۇم باركەن، ئۆزۈمنىڭ تاللاشلىرىغا تېخمۇ ئىشەنسەم بولغۇدەك.
پايدىسىز ماختاش: سەن ھەردائىم مۇشۇنداق كۆيۈمچان.

پايدىلىق ماختاش: سېنىڭ يازغان شېئىرىڭ يۈرۈكۈمگە باردى.
مۇمكىن بولغان تەسىرى: ئۆزۈمنىڭ شېئىر يازالايدىغانلىقىمدىن مەمنۇن بولدۇم.
پايدىسىز ماختاش: سەن مۇشۇ يېشىڭدە بۇنچىلىك شېئىرنى يازالىدىكەن، نوچى شائىركەنسەن.

پايدىلىق ماختاش: سەن ياسىغان كىتاب ساندۇقى چىرايلىق كۆرۈنىدىكەن.
مۇمكىن بولغان تەسىرى: مەن قىلالايدىكەنمەن.
پايدىسىز ماختاش: سەن ئۇستا ياغاچچى بوپسەن.

پايدىلىق ماختاش: سېنىڭ خېتىڭ ماڭا ئاجايىپ خوشاللىق بېغىشلىدى
.مۇمكىن بولغان تەسىرى: مەن باشقىلارغا خوشاللىق ئېلىپ كېلەلەيدىكەنمەن
.پايدىسىز ماختاش: سەن قالتىس يازغۇچى ئىكەنسەن

پايدىلىق ماختاش: بۈگۈن چىنە-قاچىلارنى يۇيغانلىقىڭدىن ناھايىتى مەمنۇن بولدۇم.
مۇمكىن بولغان تەسىرى: مەن مەسئۇلىيەتچان ئىكەنمەن.
پايدىسىز ماختاش: سەن ھەرقانداق ئادەمدىن ياخشى ئىش قىلىدىكەن.

پايدىلىق ماختاش: ساڭا ئارتۇق پۇل تۆلىگىنىمنى ئەسكەرتكىنىڭگە رەھمەت، سېنىڭ بۇنداق قىلغىنىڭدىن مەمنۇن بولدۇم.
مۇمكىن بولغان تەسىر: ئۆزۈمنىڭ راستچىل بولغانلىقىمدىن مەمنۇن بولدۇم.
پايدىسىز ماختاش: سەن نېمىدىگەن راستچىل بالا!

پايدىلىق ماختاش: سېنىڭ ماقالەڭ ماڭا بىرقانچە يېڭى پىكىرلەرنى بەردى.
مۇمكىن بولغان تەسىرى: مەن ئۆزگىچە بولالىغىدەكمەن.
پايدىسىز ماختاش: بۇ سىنىپقا نىسبەتەن سەن ياخشى يازىدىكەنسەن.

# قورقۇتۇش
# ئارقىلىق
# ئەمەس،قىزىقتۇرۇش
# يولى ئارقىلىق دىنى
# تەربىيە بېرىش

خەدىچە كۇبرا تونگار

تەرجىمە قىلغۇچى: شاراپەت ئالىمجان
باللار تەرەققىيات تەربىيسى كەسپى
ئوقۇغۇچىسى

ئەگەر بىز
ناماز ۋاقىتلىرىنى،
ئەمەسم، كىنو -فىلىم
سائەتلىرىنى  تۆت كۆز بىلەن
ساقلىساق ..... ئەگەر پەيغەمبەر
ئەلەيھىسسالامنىڭ  باللارغا
قاپىقىنىمۇ تۇرۇپ ،باقمىغانلىقىنى
بىلىپ تۇرۇپ باللىمىزنى ئۇرۇپ، تىللىساق
.... ئەگەر روزىدار ھالىتىمىزدە، باللىمىزغا
قوپال ،خاپا مىجەزىمىز بىلەن مۇئامىلە
قىلىپ كەيىندىن «ئەسلى مەن روزىدار ئىدىم »
دېگەندەك سۆزلەرنى قىلساق ..... ئەگەر باللىنىڭ
ئويۇننى بۆلىۋەتمەسلىك ئۇچۇن ئۇزۇن سەجدە
قىلغان پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئەكسىچە نامازدا
ئالدىمىزدىن ئۆتتى دەپ باللىمىزغا كايىساق ....
ئەگەر ھەزرىتى  ئۆمەرنىڭ ئادالەتلىك ئىكەنلىكى
توغۇرلۇق سۆزلەپ تۇرۇپ،ئۆزىمىز ئىككى قېرىنداش
ئارىسىدا ئادىل بۇلۇشنىمۇ ئەپلەشتۈرەلمىسەك ....
ئەگەر ھەزرىت  ئوسماننىڭ ھايالىقلىقى توغرىسىدا
سۆزلەپ تۇرۇپ ، ئەخلاققا زىت كۆرۈنۈشلەرنى
تېلىۋىزور  ئارقىلىق ئۆيىمىزگە ئەكىرسەك ....
ئەگەر ھەزرىتى  ئەلىنىڭ  ئىلىملىكلىكىنى
مەدھىيلەش بىلەن تىلغا ئېلىپ تۇرۇپ ئەڭ
ئاخىرقى قېتىم قاچان كىتاب ئوقۇغىنىمىزنىمۇ
ئېسىمىزگە ئالالمىساق ..... ئەگەر قۇرئان
كەرىمنى ئارقا -ئارقىدىن خەتمە قىلىپ
تۇرۇپ ، ئەمما مەنىسىنى  چۈشىنىش ۋە
ئەمەل قىلىشقا ئەھمىيەت بەرمىسەك
..... ئەگەر باللارنى مەسچىتتىن
قوغلاپ ،ئۇلارنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭلىرى
سەۋەبلىك شۇنداق قىلغىنىمىزنى
باھانە قىلىپ كۆرسەتسەك .....
دېمەككى  بىر يەرلەردە
خاتا قىلىۋاتقانلىقىمىز
ئېنىقتۇر .





«پەيغەمبەرلەرنىڭ پەرزەنت تەربىيەسى مېتودلىرى»

يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنى ئاكىلىرى قۇدۇققا تاشلىۋەتتى ۋە دادىسىغا ئۇنى بىر بۆرە يەۋەتتى دېدى. ياقۇپ ئەلەيھىسسالام بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، پەقەت بىر جۈملە سۆز قىلدى. « نەپسىڭلار سىلەرنى ئالداپتۇ ۋە بۇ ئىشنى قىلىشقا يوللاپتۇ. ئەمدى بۇنىڭغا مېنىڭ سەۋر قىلىشىم كېرەك.» (يۈسۈف سۈرىسى 18).بۇ بىر جۈملە،بىزگە بىر قىممەتلىك پېداگوگىكا دەرسى بەردى. ياقۇپ ئەلەيھىسسالام ئوغۇللىرىنىڭ ھەرىكىتىنىڭ سەۋەبىنى كىشىلىك خاراكتېرىگە ئەمەس، نەپسلىرىگە يۈكلىگەن. يامانلىقنى نەپسىگە مۆھۈر قىلغان. بۇ ئاتا-ئانا ۋە پەرزەنت ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىنىڭ ئاساسى بولغان قاراشتۇر.

توغرىلاق ئانىلار گۇرۇپپىسى

## ئاتا-ئانىلار شۈنچىلىك مۇھىم بولغان ‹بالا› نېمىتىگە قانداق شۈكۈر قىلىشى كېرەك؟

ھەربىر شۈكۈر ،ئۆز خىلىدىن بولغان نېمەت بىلەن قىلىنىدۇ . كۆزنىڭ شۈكۈرى كۆز بىلەن ، تىلنىڭ شۈكۈرى تىل بىلەن ، قولنىڭ شۈكۈرى قول بىلەن قىلىنىدۇ .

جۈنەيت باغدادى ھەزرەتلىرى ، شۈكۈرنى «ئاللاھ»نىڭ بەرگەن نېمىتى بىلەن ئاللاھقا ئىسيان قىلماسلىق »دەپ ئالىدۇ.يەنى ، كۆز بىر نېمەت بولسا ، ئۇنىڭ شۈكۈرى ئاللاھنىڭ ھارام قىلغانلىرىغا قارىماسلىقتىدۇر.قۇلاق نېمىتىنىڭ شۈكۈرى،ھارام ئاۋازلارغا گاس بولۇشتۇر. تىلنىڭ شۈكۈرى، بوش گەپلەرگە،غەيۋەتكە، پىتنە-پاساتقا ئاۋاز بولماسلىقتۇر.

ئاتا-ئانا بولۇشنىڭ شۈكۈرى بولسا، بالىغا ئاللاھنىڭ چەكلىگەن ئۇسۇللىرى ۋە شەكىللىرى بىلەن مۇئامىلە قىلماسلىق ۋە ئۇنى ئاللاھنىڭ كۆرسەتكەن يۆنىلىشى بويىچە چوڭ قىلىش بىلەن مۇمكىن بولىدۇ . يەنى ئاللاھنىڭ بەرگەن بالا نېمىتىگىمۇ يەنىلا ئاللاھنىڭ خالىغىنى بويىچە ۋە كۆرسەتكەن يولىدا مېڭىش ئارقىلىق شۈكۈر قىلغىلى بولىدۇ .

بىر تەرەپتىن بالىسىغا شۈكۈر قىلىدىغىنىنى دەپ تۇرۇپ ،يەنە بىر تەرەپتىن بالىسىنى ئۇرۇپ تۇرۇش كېرەك دەپ قارايدىغان بىر ئانا ، بالىسى بولغانلىقى ئۈچۈن تىلى بىلەن شۈكۈر قىلغان بىر دادا، مۇئامىلىسى بىلەن ئۇنى تۆۋەن كۆرۈپ خورلاپ، روھىنى زېدىلەۋاتقان بولسا ،بالىسىغا بولغان شۈكۈرنى ئادا قىلمىغان ،ھەتتا رەببىنىڭ بەرگەن نېمىتى بىلەن نېمەتنى بەرگەنگە ئىسيان قىلغان بولىدۇ .

بىر ئاپا مېھمانخانا ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا، ئاچچىقتىن يېرىلىپ كەتكۈدەك ھالدا تۇراتتى. ئاچچىقتىن كۆزلىرى قىزىرىپ، كالپۇكلىرى تىترەپ كەتكەن ئىدى.بىرتەرەپتىن قاتتىق بىر ۋارقىراپ،ئاچچىقنى چىقارغۇسى كەلسە،يەنە بىر تەرەپتىن پۈتۈن نەرسىنى تاشلاپ قېچىپ كەتكۈسى كەلدى. قىزى نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىمايدۇ؟ بۇ بالىنى قانداق باشقۇرۇش كېرەك ؟ تېخى بىر سائەت بۇرۇن ئويۇنچۇقلارنىڭ ھەممىنى يەرنى رەتلەپ قويغان ئەمەسمىدى ؟ نەچچە قېتىم، «چاچماڭ قىزىم ، يىغىشتۇرىۋېتىڭ »دەپ شۇنچە دېسە قىزى پەقەت ئاڭلىمىدى. مېھمان كېلىدىغانغا بەش مىنۇت قالغان،ئاشخانا ئۆيدە بىر مۇنچە ئىش تۇرسا، مېھمانخانا ئۆينى قايتا يىغىشتۇرىدىغانغا نەدىمۇ ۋاقىت بولسۇن ؟ ئاپا ئاچچىقتىن غەزەپ بىلەن ئويۇنچۇقلارنى ئېلىپ ، «نىمانداق كەپسىز بىر قىز بالا بولۇپ كەتتىڭ!نىمە دەپ گەپ ئاڭلىمايسەن؟»دېگەنچە ، ئويۇنچۇقلارنى سېۋەتكە پىرقىرىتىپ ئاتتى..تۆت ياشلىق قىز ، قورققىنىدىن نىمە ئىشنى خاتا قىلغىنىنى بىلەلمەي تۇرغان يېرىدە قېتىپلا قالدى. بەكلا قورقۇپ كەتكەن ،قورققىنىدىن ئىشتانغا چىقىرىۋېتەيلا دەپ قالدى ، لېكىن بۇنداق قىلسا ئاپىسىنىڭ تېخىمۇ غەزەبلىنىدىغانلىقىنى بىلەتتى-دە،ئىچىدە ئۆز-ئۆزىگە توختىماي ھەرگىز چىقىرىپ قويما! تۇت! تۇت! دەۋاتقان ئىدى.

بۇ ئانىدىن ئۆزىڭىزنى كۆرگەندەك بولدىڭىزمۇ؟ مەن ئۆزۈمنى كۆردۈم. چۈنكى بۇ ئانا مەن ئىدىم .مېھمان كېلىدىغان سەۋەبلىك ، ھېس قىلغان بېسىممىنى قىزىمنى ئەيىپلەش ئارقىلىق چىقارغان ئىدىم.بىر ئانا بولۇش سۈپىتىم بىلەن ، قىزىمغا قائىدە ئۆگىتىش مېنىڭ ھەققىم ھەتتا ۋەزىپەم ئەمەسمۇ! دەپ ئويلايتتىم. ئۆزۈمنى قىزىمنى جازالاشقا ھەققىم باردەك ھېس قىلسامىمۇ ، يەنە بىر تەرەپتىن چېچىلىپ كەتكەن ئويۇنچۇقلار ئۈچۈن كۆرسەتكەن ئىنكاسىمنىڭ ئېشىپ كەتكەنلىكىنى ، ئاچچىقىمنى بېسىۋېلىشىم كېرەكلىكىنى بىلەتتىم.(داۋامى توغراق قانىلىدا)

## بالامنى نېمشقا باشقۇرالمايمەن؟



# باللار نەپسىنى باشقۇرۇشنى قانداق ئۆگىنىدۇ؟



شىۋىتسارىيەدە ئېلىپ بېرىلغان بىر تەتقىقاتتا ، ھەپتىدە پەقەت بىر كۈن «كەمپۈت يېيىش كۈنى »قىلىپ بېكىتىكەندە ، باللارنىڭ چىشى قۇرتلاش مەسىلىسىنى ئازايتقىلى بولىدىغانلىقىنى كۆرسەتكەن ، مەن بۇ پىكىرنى بەك غەلىتە ھېس قىلدىم ۋە بۇنى بىسىم ئىشلەتمىگەن بىر يول بىلەن سىناپ بېقىش ئۈچۈن 4ياشلىق ۋە 2ياشلىق باللىرىم ئۈچۈن تەۋسىيە قىلدىم . شەنبە كۈننى «كەمپۈت كۈنى »قىلىپ بېكىتتۇق ۋە ئەتراپتىكى پۈتۈن كىشىلەرگە بۇنى ئۇقتۇردۇق. بۇنداق بولغاندا ئەتراپتا ھېچكىم باشقا كۈنلىرى كەمپۈت بېرىپ ئۇلارنى ئازدۇرمايتتى . ئەگەر سىرتتىن بىرى بىلمەي ئۇلارغا كەمپۈت بېرىپ قالسا، ئۇنى شەنبە كۈنى يېيىش ئۈچۈن يىغىپ قوياتتى ياكى مېنىڭ ساقلاپ بېرىشىمگە بېرەتتى . ئەگەر يېگۈسى كېلىپ كەتسە بۇ يەنىلا ئۇلارنىڭ ئەركىنلىكى ئىدى .لېكىن بۇنىڭغا بەك مەمنۇن بولمايدىغانلىقىمنى بىلەتتى. بۇ ئۇلار ئۈچۈن يېتەرلىك ئىدى .



ئۇلارغا ئاچچىقلىمايتىم ، جازالىمايتىم. پەقەتلا مەمنۇن بولمىغانلىقىمنى ئىپادە قىلاتتىم . بۇ ئارقىلىق ماڭا بويسۇنغان ئەمەس بەلكى ۋەدىسىدە تۇرغان بولاتتى .

بىر قېتىم ھەتتا ئىككى ياشلىق ئوغلۇممۇ يولدا بىرى ئۇنىڭغا بەرگەن شاكىلاتلىق كەمپۈتنى يېمەي يانچۇقىغا سالدى ۋە ماڭا ساقلاپ بېرىشىم ئۈچۈن بەردى . شەنبە كۈنى تاڭ سەھەردە ئويغىنىپ تۇنجى دېگەن گېپى :«ئاپا ، شاكىلاتلىق كەمپۈتۈمنى بەر !» بولدى .



# تەرەققىياتپەرۋەر ئاتا- ئانا بولۇش

ئاپتور : دوغان جوجەئوغلى

پۈتۈن دۇنيانىڭ ھەر قانداق يېرىدە ، ئاتا-ئانا بولۇش ئاسان ئەمەس . بىر ئەسلەپ بېقىڭ :

ئەۋلادمۇ -ئەۋلاد قورقۇتۇش مەدەنىيىتى ئىچىدە ئېچىتىلدۇق . «كۈچ »تىن باشقا ھېچ نەرسىنى ئېتىراپ قىلمايدىغان قورقۇتۇش مەدەنىيىتىدە پەرزەنت تەربىيىسى،خىجىل قىلىش، قورقۇتۇش ۋە ياكى تاياق ئارقىلىق داۋام قىلدى. بۇ خىل پەرزەنت تەربىيىسى ئارقىلىق «يۈزى قېلىن، ئىككى يۈزلىمچى »ۋە ياكى «توخۇ يۈرەك» ئىنسانلار يېتىشىپ چىقتى خالاس . بىزدىن بۇرۇنقى ئەجدادلاردىن بەزى جەسۇر ئاتا -ئانىلارنى كۆرىمەن.ئىچ-ئىچىگە سىڭىپ كەتكەن قورقۇتۇش مەدەنىيىتى قېلىپىنى ھېس قىلىپ ، ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇش ۋە نەزەر-دائىرىسىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن ئۈزلۈكسىز تىرىشىۋاتقان ، كۈچلۈك غورۇرغا ئىگە ساغلام بىر ئەۋلاد يېتىشتۈرۈش ئارزۇسىنى قەلبىگە پۈككەن . ئۇلارنى ھەقىقەتەن ئالقىشلايمەن. لېكىن بۇ قورقۇتۇش مەدەنىيىتىنى ھېس قىلالمىغان ، ئىنساننى پەقەتلا بىر ۋاستە ئورنىدا كۆرىدىغان ، بالىلىرىنىلا ئەمەس ھەتتا ئۆزلىرىنىمۇ ھۆرمەت قىلىشنى بىلمەيدىغان ئاتا- ئانىلارنى كۆرگەندە ئىچىم ئېچىشىدۇ . سەبىر قىلالمايمەن . چۈنكى، ئانىلارنىڭ قۇچىقىدا تۇتۇپ تۇرغان، شۇ كۆزلىرى جۇلالىنىپ تۇرغان نارەسىدە بالىلار،پەقەتلا ئۇلارنىڭ بالىسى ئەمەس ، ۋەتىنىمىزنىڭ بالىسى ،كەلگۈسىنىڭ ئاچقۇچى.پەرزەنتلىرىمىزنى ئەڭ ياخشى شەكىلدە يېتىشتۈرۈش بىر كوللېكتىپنىڭ ئىشى ۋە بۇ كوللېكتىپنىڭ ئەڭ مۇھىم ئەزاسى،ئاتا-ئانىلار ۋە ئوقۇتقۇچىلار . بىر كوللېكتىپنىڭ خوشيارلىقى، بالىلارغا بولغان مەسئۇلىيىتىدە ئىپادىلىنىدۇ . بالىلىرىمىزغا ساغلام ۋە ھۆر ئائىلە مۇھىتى بىلەن تەمىنلەش ئۈمىدى بىلەن ......

# پەرزەنت



ئابدۇخالىق ئۇيغۇر

غۇنچە گۈلنىڭ سەنئىتىدۇر ،
پەرزەنت كۆڭۈلنىڭ .
پەرزەنت بىلەن ئاچىلىدۇ ،
كۆڭلى مەلۇلنىڭ .

پەرزەنت ئۆزى جان قۇشىدۇر ،
بىگۇمان ، بىشەك .
يىپى ئۈزۈلسە ئۇچالامدۇ،
ئاسماندا لەگلەك ؟ !

باھار بولسا ، سايرىشىدۇ،
خۇشاللىق بۇلبۇللار .
پەرزەنت بىلەن ياشنىشىدۇ،
غەمكىن كۆڭۈللەر.

# تۆت ياش باللىق دەۋرىدە

باللار خىياللارنىڭ ئىمكانىيىتى ۋە چېكىنى بايقايدۇ .كاللىسىدا سىمۋوللار شەكىللىنىدۇ. رېئاللىقنى بۇزۇپ ، ئۆزىنىڭ ئىستەكلىرىگە قارىتا شەكىللەندۈرىدۇ . باشقىلارغا ئازار بېرىش ۋە ياكى بىر نەرسىلەرنى يوشۇرۇش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ، يېڭى بايقىغان بۇ قالتىس قابىلىيىتىنى ئىشلىتىش ئۈچۈن يالغان سۆزلەيدۇ . چۈشەنگىنىم رېئاللىقمۇ ، خىيالمۇ ، توقۇپ چىققان نەرسىمۇ ۋە ياكى بىر ئەسلىمىمۇ ؟ بۇ دەۋردىكى باللار بۇ سوئالنىڭ جاۋابىنى بىلمەيدۇ . ئۇلارنىڭ نەزىرىدە دىۋىلەر ، غەلىتە مەخلۇقلار ھەقىقەتەن رېئال تۇرمۇشتا، قاراڭغۇلۇقتا كارىۋاتلارنىڭ ئاستىغا ۋە ياكى ئىشكاپلارغا يوشۇرۇنىۋالىدۇ .

تۆت ياشلىق باللار ماختىنىشنى ياخشى كۆرىدۇ . « مەن ئەڭ كۈچلۈك ، مەن ئەڭ تېزيۈگرەيمەن ، ئەڭ نوچىسى مېنىڭ ، مېنىڭ ماشىنام ئەڭ چىرايلىق » دېگەنگە ئوخشاش ئۆزىگە بەك ئىشىنىدۇ ۋە قولىدىكى رەسىمنىڭ ئاستىغا، باشقىلارنىڭ ئىسمى يېزىقلىق تۇرسىمۇ :« قارا، بۇنى مەن سىزدىم » دەيدۇ . سېلىشتۇرۇشلار ئېلىپ بارىدۇ ،لېكىن، ھېچ شەرتلىرىنى ھېسابقا ئالمايدۇ :« قارا مېنىڭ شاكىلاتىم سېنىڭكىدىن جىق » دېگەندەك چوڭلار ئۈچۈن دېگەندەك مەنىسى بولمىغان سېلىشتۇرۇشلارنى ئېلىپ بارىدۇ .

بۇ ياشتىكى باللار كاللىسىغا كەلگەن سۆزلەرنى ئىچىدە تۇتۇشنى بىلمەيدۇ ۋە ھەر كاللىسىغا كەلگەننى يۇقىرى ئاۋازدا سۆزلىشى، ھەرگىزمۇ باشقىلارنىڭ كۆڭلىنى يېرىم قىلىش ئەمەس، بەلكى ، دۇنيانى تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىش ئۈچۈندۇر .





# ئۈستى ۋە ئاستى مېڭە



بىر قولىڭىزنى مۇشتۇم ھالىتىدە تۇتۇڭ. مانا بۇنى مېڭىڭىزنىڭ قول مودېلى دەيمىز. مېڭىڭىز ئوڭ مېڭە، سول مېڭە، ئۈستى قەۋەت مېڭە، ئاستى قەۋەت مېڭە دەپ تۆت بۆلۈمگە ئايرىلىدۇ. ئۈستى قەۋەت مېڭىڭىز، ياخشى قارارلارنى بېرەلەيدىغان، توغرا ئىشلارنى قىلالايدىغان ئورۇن. سىز ھەقىقەتەن قايغۇرىدىغان ۋاقىتلىرىڭىزدىمۇ ئۈستى قەۋەت مېڭىڭىز لوگىكىلىق ئويلىيالايدۇ، كەيپىياتىڭىز تەسىرىگە ئۇچرىمايدۇ.

ئەمدى بارماقلىرىڭىزنى بىر ئاز ئۈستىگە تارتىڭىز باش بارمىقىڭىزنى كۆرىسىز. مانا بۇ، ئاستى قەۋەت مېڭىڭىزنىڭ بىر قىسمى، ئەڭ كۈچلۈك ھېسسىياتلىرىڭىز مانا مۇشۇ يەردىن كېلىدۇ. بۇ رايون سىزنىڭ باشقىلارغا كۆڭۈل بۆلۈشىڭىزگە يول قويىدۇ، سۆيگۈ ۋە مۇھەببەتنى ھېس قىلدۇرىدۇ، ھەمدە قايغۇلاندۇرىدۇ، جىلە قىلىدۇ، جىددىيلەشتۈرىدۇ.







ئاتا-ئانىلار پەرزەنتىنىڭ ئۇستازى بولۇشى بىلەن ئۇلارغا ئاتا-ئانىلىق قىلىشى ئارىسىدا زور پەرق بار. ئالدىنقىسى روھىيىتىنىڭ بولسا، كېيىنكىسى ھېسسىنىڭ ھەمراھىدۇر.

بەزىدە پەرزەنتىڭىز سىزنىڭ ئەقىدىڭىزگە خىلاپ ئىشلارنى، قاراشلارنى توغرا كۆرۈپ، شۇ بويىچە ياشاشنى تاللىشى مۇمكىن. ئەمما بۇ سىزنى ئۇنىڭغا ئانا ياكى ئاتا مېھرى بېرىشتىن توسۇپ قالالمايدۇ.

(نومان ئالىخان لېكسىيەسىدىن ئۈزۈندە-)



# بالىلار قانداق ئۆگىنىدۇ؟

جون خولت

بالىلار ئۆزلىرى تەلەپ قىلمىغان ئەھۋال ئاستىدا ئۇلارغا بىر نەرسىلەرنى ئۆگىتىش دېگەنلىك ، ئەمەلىيەتتە ئۇلارغا تۆۋەندىكى ئۇچۇرنى يېرىدۇ : « سەن بۇ نەرسىلەرنى بىلىشىڭ كېرەكلىكىنى بىلەلىگۈدەك ئەقلىلىق ئەمەس ۋە بۇلارنى ئۆزۈڭ ئۆگىنىشكە قابىلىيىتىڭ يېتەرلىك ئەمەس.» ئوخشاش سەۋەب تۈپەيلىدىن، بالىلاردىن تۈيۇقسىز سوئال سوراش ياكى تەلەپ قىلمىغان ئەھۋال ئاستىدا ئۇلارنى سىناش، ئۇلارنىڭ غەزىپىنى قوزغىشى مۇمكىن .

بالىلارنىڭ دۇنيانى تونۇشى ، ئەتراپىدىكى شەيئىلەرنى ئۆگىنىشى بولسا، ھەم ئاستا ھەم ئۇزۇن مەزگىللىك بولىدۇ. ئۇلارنىڭ بىلىملىرىمۇ تۇراقسىز ھەم ئۆزگىرىشچان بولىدۇ. ئۇلارنىڭ بىلىشىنىڭ ، ئۆگىنىشىنىڭ « پەرەز باسقۇچى » دەك ئۇزۇن باسقۇچتىن ئۆتۈپ ، ئاندىن تۇراقلىق ھەم جەزم بىر بىلىمگە ئايلىنىدىغانلىقىنى بىلىۋالساق، ئۇلاردىن دائىم سوئال سوراشلىرىمىزنىڭ ئېلىپ كېلىدىغان زىيانلىرىنى چۈشىنىپ يېتەلەيمىز.

« پەرەز باسقۇچى » دېگىنىمىز ، بالىلار مەلۇم بىلىم بىلەن ئەڭ دەسلەپتە ئۇچراشقاندىن كېيىن ، ئۇلارنىڭ كاللىسىدا پەقەت ناھايىتى تۇتۇق، تۇراقسىز بىر تونۇش ھاسىل بولىدۇ. بالىلار بۇ تۇراقسىز ، ئېنىقسىز، غۇۋا پەرەزلىرىنى توختىماي سىنايدۇ ، ھەر بىر قېتىم تەجرىبىدىن ئۆتكۈزگەندە ، بۇ پەرەزنىڭ ئېنىقلىق دەرىجىسى يۇقىرىلايدۇ. مەسىلەن : چوڭلاردىن سوئال سوراش ئارقىلىق ، كۆزىتىش ئارقىلىق ۋە ئۆزى قول سېلىپ قىلىپ بېقىش ئارقىلىق بالىلار ئەمەلىيەتتە توختىماي بۇ دۇنياغا ئائىت پەرەزلىرىنى سىناش، تەجرىبە قىلىش ھالىتىدە بولىدۇ.

ئەگەر ئۇلارنىڭ پەرەزلىرى تېخى مۇقىم ھالەتكە كېلەلمىگەن ، ئېنىقلاشمىغان ۋاقىتتا ، چوڭلار سوئال سورىغاندا ، ئۇلار ئېنىقسىز پەرەزلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇش سەۋەبىدىن خاتا جاۋاب بېرىپ قويۇش ئەندىشىسى تۈپەيلىدىن ، جاۋاب بېرىشنى رەت قىلىدۇ. ئەگەر بالىلار شۇ ۋاقىتتا ئۆزىنىڭ پەرىزىنى ئوتتۇرىغا قويسا، چوڭلارنىڭ ئېلىپ بارىدىغان ئىش تۈزىتىش ۋە ئۇلارغا توغرىسىنى ئۆگىتىشكە تىرىشىش قاتارلىق « ياخشى » ھېسابلىنىدىغان ھەرىكەتلىرى ، بالىلارنىڭ ئۆز- ئۆزى ئۆگىنىشىدىكى مۇھىم بولغان « پەرەز باسقۇچى »غا ھۆرمەت قىلمىغانلىق بولۇپ قالىدۇ .

بالىلاردىن سوئال سوراش ۋە بەرگەن جاۋابىنى تۈزىتىش ، بالىلارغا تۆۋەندىكىدەك زىيانلارنى ئېلىپ كېلىدۇ:

يېڭى ئۆگىنىشنى باشلىغان بالىلاردىن سوئال سوراش ، خۇددى ئۇلارنى خۇددى سىرى تېخى قۇرىمىغان ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇشقا مەجبۇرلىغاندەك ھېسابلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ بىلىمى تېخى مۇقىملاشمىغان ، ئېنىقلاشمىغان، تەجرىبىلىرىدىن تېخى ئۆتمىگەن ھالەتتە ،

ئۇلاردىن :« قېنى سەن ئۆگىنىۋالدىڭمۇ - يوق؟ بىلەمسەن - بىلمەمسەن ، سىناپ باقايلى. » دەپ سورالغان سوئاللار ۋە « ئەگەر بىلمىسەڭ ، مەن ساڭا توغرىسىنى دەپ بېرەي ، ئۆگىنىۋالغىن » دەپ تۈزىتىشلەر ، بالىلارنىڭ تۇغۇلىشىدىن بار بولغان ( ئاللاھ تەرىپىدىن پروگراممىلانغان ) ئۆگىنىش قۇرۇلمىسىنى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىتىدۇ .

2.بالىلار ئەمىلىيەتتە ئۆزلىرى ئۆگىنەلەيدۇ . چوڭلارنىڭ سىناقلىرى ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى يېڭى تۇغۇلغان شەيئىلەرنى بىلىشىدىكى پەرەزلىرىنى ئۆلتۈرىۋېتەلەيدۇ . پەقەت بىلەرمەن چوڭلارنىڭ جاۋابلىرى ئارقىلىقلا دۇنيانى تونۇش ئۇنىڭ ئورنىنى ئالىدۇ . بالىلار ھەتتا « پەرەز باسقۇچى » ئارقىلىق ئۆگىنىشتىن قاچىدۇ ، ئۆزلىرى پەرەز قىلىشتىن ۋاز كېچىدۇ . « تەييار جاۋاب » لار ئارقىلىق ئۆگىنىشكە باشلايدۇ .

3. بالىلاردا « مەن ھېچنىمنى بىلمەيمەن، چوڭلار ھەممىنى بىلىدۇ ، ئاتا- ئانام ھەممىنى بىلىدۇ ، ئوقۇتقۇچۇم ھەممىنى بىلىدۇ»دەيدىغان ئاڭ پەيدا بولىدۇ ۋە ئۆزىنىڭ بىر نەرسە ئۆگىنەلەيدىغىنىغا ئىشەنمەيدۇ . بۇنىڭ تىپىك ئۆرنىكى بولسا ، ئۆزى بىر ماقالە يازىدۇ ياكى بىر پارچە رەسىم سىزىدۇ ۋە ياكى بىر ھەرپ يازىدۇ . ئاندىن ئاتا - ئانىسىدىن ياكى ئوقۇتقۇچىدىن :« بۇ توغرىمۇ ؟ » دەپ سورايدۇ. چوڭلار ئۇلار ئۈچۈن ھەممىنى بىلگۈچى ، خاتالىق ئۆتكۈزمەيدۇ . ئەمما بالىلار ئۆزىنى داۋاملىق خاتالىق ئۆتكۈزىدىغان، ھېچنىمنى بىلمەيدىغان ۋە چوڭلارنىڭ ياردىمىسىز ھېچنىمنى ئۆگىنەلمەيدىغان ھېس قىلىدۇ .



4. بالىلار خاتالىق ئۆتكۈزۈشتىن قورقىدىغان بولۇپ قالىدۇ ۋە يالغانچىلىق يولىغا ماڭىدۇ . بالىلار توغرا جاۋاب بېرەلمىسە جازالىنىدىغان، توغرا جاۋاب بەرسە مۇكاپاتلىنىدىغان بىر ئۆگىنىش سىستېمىسىدا ، خاتالىق ئۆتكۈزۈشنىڭ جازا ئېلىپ كېلىدىغان ناھايىتى خەتەرلىك بىر ئىش ئىكەنلىكى ئىدىيىگە سىڭدۈرۈلىدۇ . ئەمما ئىنسانىنىڭ ئەڭ تەبىئىي ئۆگىنىش شەكلىدىكى « پەرەز باسقۇچى» دا ، « خاتالىق ئۆتكۈزۈش » دېمەك ، ئۆز پەرەزلىرىنى سىناش ، تەجرىبە قىلىش دېگەنلىكتۇر. خاتالىق ئۆتكۈزمەي تۇرۇپ ھېچبىر ئىنسان بىلىمنى پۈختىلىيالمايدۇ. ئەمما ، چوڭلار دائىم بالىلارنىڭ خاتالىق ئۆتكۈزمەسلىكىنى تەلەپ قىلىدۇ . بۇ دېگەنلىك ئەمىلىيەتتە ، « بالام ، سەن نورمال بىر ئىنسان بولما، خاتالىق ئۆتكۈزمەي ھەر ۋاقىت توغرىنى بىلىدىغان غايىۋى بىر ئىنسان بول . » دېگەننى تەلەپ قىلىشتۇر.

بالىلار جازادىن قېچىش ئۈچۈن ، تۈرلۈك ئاماللارنى ئويلاپ تاپالايدۇ . ئاتا- ئانىسىغا، ئوقۇتقۇچىسىغا يالغان سۆزلەيدۇ . بەزىدە چوڭلار دەيمىز: « مۇشۇنىڭغا ئىشلەتكەن كاللاڭنى ، دەرسكە ئىشلەتسەڭچۇ ! » دەپ. دەل شۇنداق ، ھېچبىر بالا دۆت ئەمەس . تۇغۇلىشىدىن بىر ئۆگىنىش سىستېمىسى بار. پەقەت چوڭلار ۋە ئەنئەنىۋى ئوقۇتۇش سىستېمىلىرى ئۇلارنىڭ بۇ خىل ئۆگىنىش باسقۇچلىرىغا ھۆرمەت قىلمىغان ۋە ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ ئۆگىنەلەيدىغانلىقىغا ئىشەنمەس قىلىپ قويغان . چوڭلاردىكى « ياخشى نىيەتلىك » خاتالار تۈپەيلىدىن ، بالىلاردىكى ئاشۇ قىممەتلىك ، ئالتۇنغا تېگىشكۈسىز تۇغما ئۆگىنىش سىستېمىسى ناھايىتى كىچىك يېشىدىن باشلاپلا بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراۋاتىدۇ.



# بىزگە قانداق دادىلار كېرەك؟

دادىلار-مىللەتنىڭ تۈۋرۈكى،قول-قانىتى.دادىلارنىڭ ۋۇجۇدى، ھەققانىيەت بىلەن، باتۇرلۇق بىلەن، چىۋەرلىك بىلەن، ئەقىل ۋە دىيانەت بىلەن تولۇشى كېرەككى، ئۇ يەردە دېلىغۇللۇق، مۈجمەللىك، پەمسىزلىك، بېلى بوشلۇق، ساداقەتسىزلىك، ھاماقەتلىك، ھورۇنلۇق ئىللەتلىرى بولماسلىقى كېرەك. دادىلار قەيسەرلىكتە، چىدام - جاسارەتتە، ئىلىم - ھۈنەردە، ۋاپادارلىقتا، ئەل - يۇرتقا ھىممەت كۆرسىتىشتە، پەرزەنتلەرگە ئۈلگە بولالىشى كېرەك. مۇشۇلارنى قىلىش ئۈچۈن قانداق قىلىش كېرەك؟ ئەلۋەتتە مېنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق دادىلار ئۆزىمىزنى بىر قېتىم دەڭسەپ كۆرۈشىمىز ۋە ئۆزىمىزنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىشىمىز لازىم .

يالقۇن روزى

# بىزگە قانداق ئانىلار كېرەك؟

دادىلار، قەيسەرلىكتە، چىدام -جاسارەتتە، ئىلىم - ھۈنەردە، ۋاپادارلىقتا، ئەل- يۇرتقا ھىممەت كۆرسىتىشتە ـ پەرزەنتلەرگە ئۈلگە بولالىشى كېرەك. بالىلىرىمىز مەدەنىيەت ۋە دۇنيا قاراشلار ئۈستۈنلۈك تالىشىۋاتقان دەۋردە ياشاۋاتىدۇ. بۇنداق مۇھىتتا، بىزگە مېھىر - شەپقەتنى غەپلەت بۆشۈكىگە ئايلاندۇرۇۋالغان ئانىلار كېرەك ئەمەس، بەلكى ئۇنى يۈكسەك ئېتىقاد ئىستراتېگىيىسىگە ئايلاندۇرغان ئانىلار كېرەك.

ئابدۇقادىر جالالىدىن



يېڭى تۇغۇلغان بوۋاق ئۈچۈن ئەڭ مۇۋاپىق ئوزۇقلۇق ئانا سۈتىدۇر. بوۋاق تۇغۇلۇپ دەسلەپ تۆت-بەش كۈن ئىچىدە كەلگەن سۈتنى بىزنىڭ تىلىمىزدا خەلقىمىز « ئوغۇز سۈتى» دەپ نام بەرگەن بولۇپ ،بۇ سۈت بەش كۈندىن ئىككى ھەپتىگىچە بولغان مەزگىلدە بوۋاقنىڭ ئېھتىياجىغا قارىتا ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان سۈت ھالىتىگە كىرىدۇ. بوۋاقنىڭ بىر كۈن ئىچىدىكى سۈت تەركىبى ۋە مىقدارىدىمۇ دائىم ئۆزگىرىش بولۇپ تۇرىدۇ. كېچىدىكى سۈتى بىلەن كۈندۈزدىكى سۈتىمۇ پەرقلىق بولىدۇ. سۈتنىڭ تەركىبى ۋە مىقدارىنىڭ دائىم ئۆزگىرىش ئىچىدە بولىدىغانلىقىنى بىز تەبىئەت دۇنياسىدىكى كېنگورونى مىسال ئېلىپ ئىلگىرىلەپ ئۆگىنىپ ئۆتەيلى:




يېڭى تۇغۇلغان كېنگورو تۇغۇلۇپ ئانىسىنىڭ قورسىقىدىكى خالتىغا يەرلىشىپ، ئانىسىنىڭ تۆت كۆكسىدىن بىرنى ئېمىپ ئوزۇقلىنىشقاباشلايدۇ. كېنگورو بەش-ئالتە ئايدىن كېيىن يەنە بىرنى تۇغالايدىغان ھايۋان بولۇپ، يېڭى تۇغۇلغان كىنگىرۇ بوۋىقى كېنگورونىڭ قورسىقىدىكى خالتىغا يەرلىشىپ ئانىسىنى ئېمىپ ئوزۇقلىنىشقا باشلايدۇ.ئوزۇقلۇقشۇناسلار كېنەورونىڭ ئىككى كۆكسىدىن ئىككى خىل پەرقلىق سۈتنىڭ ئېقىپ چىقىدىغانلىقىنى دەلىللەپ ئۆتكەن.

گەرچە سۈت پاراشوكى فىرمىللىرى ئانا سۈتىدىن بايقىغان تەركىبلىرىنى سۈت پاراشوكىغا قاتىدىغانلىقىنى ئېيتسىمۇ، ئانا سۈتىنىڭ تېخى بايقالمىغان تەركىبلىرى ۋە ھېسسىي قىممىتىنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ.

بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، سۈت پاراشوكلىرى ھەرگىز ئانا سۈتىنىڭ ئورنىنى ئالالمايدۇ.ئانا سۈتى ھەر ۋاقىت يېڭى،مىكروبسىز، قوللىنىشقا ھازىر بولۇپ، بىزنىڭ ئەقىللىق ئۇيغۇر خەلقىمىز «ھازىرئاش» دېگەن نامنى بەرگەن. ئۇنىڭدىن سىرت ئانا سۈتى ئىقتىسادىي نۇقتىدىن ئېيتقاندا ناھايىتى تېجەشلىك ھېسابلىنىدۇ.

يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقلارنىڭ ھەزىم ابولۇپ ئانا سۈتى بولسا سىڭىشلىك، بۆرەككە بېسىم چۈشۈرمەيدىغان، ئىممۇنىت ماددىلىرى نۇقتىسىدىن بولسا ناھايىتى مول بولغان ئوزۇقلۇقتۇر.

ئانا سۈتى بوۋاقتا ھېسسىي جەھەتتىن ئىشەنچ تۇيغۇسىنىڭ تىكلىنىشى، ئانا بىلەن بوۋاقتا ھېسسىي ساغلام باغلىنىش، بوۋاقتا ھوزۇر تۇيغۇسى بېرىش قاتارلىق پسىخولوگىيىلىك ساغلاملىقىنىڭ ئۇل ئاساسىنى ھازىرلايدۇ.

ئانا سۈتى بوۋاق ساغلاملىقى ئۈچۈنلا ئەمەس،ئانىنىڭ تەن ۋە روھىي ساغلاملىقى نۇقتىسىدىنمۇ ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ. مەسىلەن: ئېمىتىش جەريانىدا ئانا مېڭىسىدىكى ھىپوزىت بېزىدىن كەلگەن ئوكسىتوسىن ھورمۇنىنىڭ تۇغۇتتىن كېيىنكى بالياتقۇنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈش رولى چوڭ بولۇپ،قاناشنى ئازايتىدۇ.



# دىنىمىزدىكى بىباھا تەربىيە

خەتچە كۇبرا تونگار



ئىنساننى ئىنسان قىلىدىغان ئەڭ گۈزەل پەزىلەتلەرنىڭ بىرى بولسا «مېھىر قىلىش»تۇر، مېھىر قىلىش ئىنساني خىسلەتنىڭ يېتىلىشىگە ئۇل سالىدۇ . ھاياتنى، باشقا ئىنسانلارنى، تەبىئەتنى ، جانلىقلارنى ۋە ھەتتا جانسىزلارنى مېھىر قىلىپ يەتكەندە رەببىنى مېھىر قىلىدۇ ۋە بۇ يول بىلەن روھىغا نەقىشلەنگەن ھەقىقەت سىرلىرىنى ئېچىشقا مۇۋەپپەق بولىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن ئاتا- ئانىلارنىڭ پەرزەنت تەربىيىسىدە ئاساسى ۋەزىپىسىنى « مېھىر » قىلالايدىغان پەرزەنت يېتىشتۈرۈشكە قارىتىشى مۇھىمدۇر.

ئىزدىنىپ باقساق، بىزنىڭ رەببىمىز بىزگە مېھىر-شەپقەتلىك بولۇشقا چاقىرىغان... تۇيماس قەلبنى، كۆرمەس كۆزلەرنى، ئاڭلىماس قۇلاقلارنى بولسا جەھەننەم بىلەن ئاگاھلاندۇردۇ.«خېلىل» دەپ سۆيۈپ تىلىگەن نەبىسى ئىبراھىم پەيغەمبەرنىڭ باشقىلارنىڭ دەردىگە كۆز يېشى تۆكۈشىنى نەزەردە تۇتۇپ « ئەۋۋاھ » سۈپىتى بىلەن تەرىپلەيدۇ. بۇ نەزەربىلەن بېقىلغىنىدا، تۇيغۇلىرىدىن ئايرىۋېتىلگەن، ئۇلارنى مېھىر قىلالمىغان بىر پەرزەنت ئۆزلۈك ھەقىقىتىدىن ئۇزاقلاشقان، دوستلۇققا، ھەمراھقا، ئاتا- ئانىلىققا ياتلىشىپ كەتكەن بىر شەخس بولۇش يولىدىدۇر.چۈنكى مېھىر- تۇيغۇسىزلىق، كىشىنى ئەڭ باشتا ئۆزىنىڭ ئۆزلىكىگە ياتلاشتۇرىدۇ.

مېھىر - شەپقەتلىك پەرزەنت تەربىيىلەشنىڭ يولى، مېھىر-شەپقەتلىك ئاتا- ئانا بولۇشتۇر. بالىنىڭ ئەھۋالىنى بىلىش بىلىپلا قالماستىن ، ئۇنىڭ مېھىر - تۇيغۇسىنى مېھىر قىلالىشىمىز كېرەك .

چۈنكى مېھىر- شەپقەت، ئەقىلنىڭ ئەمەس كۆڭۈلنىڭ ھالىدۇر. مېھىر- شەپقەتلىك كىشى قارشىسىدىكىنىڭ دەردىنى ئۆز روھىدا ياشايدۇ . ئۇنىڭ دەردى بىلەن دەرد تارتىدۇ . بۇ ھال « قوشنىسى ئاچ ئىكەن توق ياتمايدىغان » تۇيغۇ ھالىنى شەكىللەندۈرگەن بولىدۇ.

بالىلىرىمىزنىڭ مېھىر قىلىنىشقا ئېھتىياجى بار. ئامراق قۇشىنىڭ ھازىسىنى تۇتۇۋاتقان بىر بالىغا « ئازاپلانما ، ساڭا يېڭىسىنى ئېلىپ بېرىمەن » دېيىش، بالىنى ياخشى مېھىر قىلدۇرمايلا قالماي، ئەكسىچە « قەلب يارىسى » غا سەۋەب بولىدۇ. بۇ چاغدا،بالىغا ھېچقانداق تەسەللىنىڭ كېرىكى يوق. بالىنىڭ دۈمبىسىنى سىلاش، باغرىمىزغا بېسىش ياكى مېھرىمىز بىلەن كۆزلىرىنىڭ ئىچىگە قاراش يېتەرلىكتۇر.

پەرزەنتلىرىمىزنى ئۆزلىرىنىڭ ھالى بويىچە قوبۇل قىلايلى . مېھىر - شەپقىتىمىز بىلەن ، باشقىلارغىمۇ مېھىر- شەپقەت يەتكۈزەلەيدىغان پەرزەنت تەربىيىلەشكە تىرىشايلى.

## سەن شۇنداق بىر روھسەن

خەلق ئىچىدە « توغراق- قەيسەر دەرەخ.
تىك تۇرۇپ مىڭ يىل ، يىقىلىپ مىڭ يىل،
يەر ئاستىدا مىڭ يىل ياشايدۇ . » دېگەن سۆز بار.
شۇنداق ، توغراق- ئانا ۋەتىنىمىزنىڭ تۇپراقلىرىدا ھېچكىم
سۇغۇرمىسىمۇ ھاياتلىق تاپىدىغان ،تارىخنىڭ گۇۋاھچىسى
بولغان بۈيۈك ئابىدە . بىزمۇ توغراقتىكى قەيسەر روھنى
ئۆزىمىزگە ئۈلگە قىلىپ بىر ئەۋلاد نەۋقىرانلارنى يېتىشتۈرۈشكە
ئازغىنە تۆھپە قوشۇش نىيىتىدە بۇنى تەييارلىدۇق.توغراقتەك
ياشاپ، توغراقتەك نەسىللەرنى يېتىشتۈرۈش ئۈمىدىدە بىز !

مەن ئاڭا تىكىلدىم مۇھەببەت بىلەن،
تۇغۇلدى كۆڭلۈمدە مەغرۇر بىر تۇيغۇ .
ئۆلمەس بىر خەلقنىڭ مىسالى بولۇپ،
كۆرۈندى كۆزۈمگە شۇ كېسىلگەن توغراق.

قۇربان بارات
1967-يىلى 7- ئاي













توغراق ئانىلار گۇرۇپپىسى
تەرجىمە قىلىپ تۈزدى.
تېخىمۇ كۆپ مەزمۇنلار
ئىنستاگرام قانىلىمىزدا.

Toghraq-ata-ana
Toghraq balliliri
ۋاتسئەپ دەرسخانىسى
تېلېگرام ئامبىرى

ماقالىلەر بولسا
تۆۋەندىكى كىتابلاردىن
تەرجىمە قىلىنغان.

ئاتا-ئانا ۋە بالا ئوتتۇرىسىدا
بالىلارنىڭ ھېس-تۇيغۇ دۇنياسى
تەرەققىياتپەرۋەر ئاتا-ئانا بولۇش
ماھارەت ئارقىلىق ئىنتىزام
سىنىمىغان يول قالمىدى
بالىلار قانداق ئۆگىنىدۇ؟
فىترەت پېداگوگىكىسى




